## 360987 ـ يوركىستا تىجارەت قىلىدىغان شىركەتكە مەبلەغ سېلىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ئۇنىڭدىن زاكات قانداق ھېسابلىنىدۇ؟

### سۇئال

مەن ئۈچ يىلدىن بىرى يوركىس شېركەتلىرىدىن بولغان ئىشەنچلىك بىر شىركەتكە شىركەت مەسئۇللىرىنىڭ ئىسلامى پرىنسىپ بويىچە مۇئامىلە قىلىمىز دېگەن سۆزىگە ئاساسەن تىجارەت ئۈچۈن تۆت مىڭ ($4000)دوللار مەبلەغ سالدىم، شىركەت بۇ مەبلەغنى بىر قانچە پاي چېكىگە قاتتى، ھەر بىر پاي چېكىنىڭ قىممىتى مىڭ دوللار، ھەر تۆت ئايدا شىركەت پايدىنى تەقسىم قىلىدۇ، شىركەت پايدىدىن 20% ئالىدۇ، قالغانلىرىنى مەبلەغ سالغانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ، بۇنداق قىلىسا توغرا بولامدۇ؟ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بويىچە قىلىسا توغرا بولامدۇ؟ ئەگەر باشقىچە قاراش بولۇپ قالسا، شىركەتتىن تاپشۇرۇپ ئالغان پايدىنى قانداق قىلىمەن؟ ئۇ مالنىڭ زاكىتىنى قانداق ئايرىيمەن؟ زاكاتتا ئومۇمى مالغا يىل توشۇش كېرەك بولغاندەك، ئالغان پايدىغىمۇ يىل توشۇشى كېرەكمۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى:

#### پۇل سودىسىغا شەرت بىلەن مەبلەغ سىلىش توغرا بولىدۇ.

شىركەت پۇل سودىسىدا شەرئى پرىنسىپقا مۇۋاپىق تىجارەت قىلسا، بۇ شىركەتكە مەبلەغ سالسا بولىدۇ.

پۇل سودىسىدا مۇنداق شەرتلەر شەرت قىلىنىدۇ:

- 1شىركەت مالىيەنى كۆتۈرۈشتىن ىبراق تۇرۇشى ۋە پەقەت ئىگە بولغان مېلى بىلەن تىجارەت قىلىشى كېرەك.

- 2پۇل تىجارىتىدە تاپشۇرۇپ ئېلىش ئەمەلىيلىشىشى كېرەك، سودا قىلغان ئورۇندا ساتقۇچىنىڭ ۋە سېتىۋالغۇچىنىڭ ھېسابىغا پۇل كىرىشى كېرەك.

- 3تىجارەتتە چەكلەنگەن سودىلارنى قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

دىگەن269079 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئىككىنچى: شىركەت 20% پايدىنى ئالدىغان، قالغان پايدىنى مەبلەغ سالغۇچىلار ئالدىغان نىسبەت بىلەن پۇل سودىسى قىلىش ئۈچۈن شىركەتكە مەبلەغ سالسا بولىدۇ.

ئۈچىنچى:

## مالنىڭ زاكىتىنى قانداق ھېسابلاش.

زاكات مالدا ۋە ئالغان پايدىغا يىلدا بىر قېتىم پەرىز بولىدۇ، ئەمما مال دېگەن شىركەت ئۈنىڭ بىلەن تىجارەت قىلىدىغان پۇل بولۇپ، پۇلدىن پۇلغا ئالمىشىپ تۇرىدۇ، پايدا بولسا ئەسلى سەرمايىگە ئەگىشىدۇ.

بىر كىشى دائىمىي كومىتېتى ئۆلىمالىرىدىن" :مېنىڭ ئون بەش مىڭ رىيال (15000)پۇلۇم بار ئىدى، ئۇنى بىر كىشىگە پايدىنى تەڭ ئېلىش شەرتى بىلەن تىجارەتكە بەردىم، مۇشۇ مالغا زاكات كېلەمدۇ؟ ئەسلى سەرمايىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىزمۇ ياكى پايدىنىڭمۇ ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىزمۇ؟ ئەگەر ئەسلى سەرمايىگە زاكات كېلىدىغان بولسا، بىز ئۇنىڭغا جايناماز، گىلەم قاتارلىق ماللارنى سېتىۋالغان، بۇ ھالەتتە بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟دەپ سورىغاندا، ئۇلار مۇنداق جاۋاپ بەرگەن" : يۇقىرىدا سوئالدا بايان قىلىنغان تىجارەتكە تەييارلىغان مالدا  ھەر يىلدا بىر قېتىم زاكات پەرىز بولىدۇ، يىل توشقاندا ئەسلى سەرمايە بىلەن ئالغان پايدىنى قېتىپ زاكات بېرىلىدۇ، ئەگەر پۇلغا تىجارەت ماللىرى سېتىۋېلىنغان بولسا، يىل توشقاندا سېتىۋېلىنغان ماللارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باھاسىنى ھېسابلاپ پايدا ۋە ئومۇمى سەرمايىنى قېتىپ يۈزدە ئىككى يېرىم پىرسەنتتىن زاكات ئايرىلىدۇ." ["دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى"- 9توم-356 بەت].

پەتىۋا بەرگۈچىلەر: شەيخ ئابدۇل ئەزىز بىن ئابدۇللاھ بىن باز. شەيخ ئابدۇررەززاق ئەپىيپى. شەيخ ئابدۇللاھ غۇدەييان.

تۆتىنچى:

## مالىيەنى كۆتۈرۈشنىڭ ھۆكمى.

شىركەت مالىيەنى كۆتۈرمەكچى بولسا ياكى ھارام پۇللار بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئۇنداق شىركەتكە كىرىش توغرا بولمايدۇ، مەبلەغنى دەرھال قايتۇرۇپ ئېلىش بىلەن بىرگە تەۋبە قىلىش كېرەك بولىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا زاكات ئەسلى سەرمايىگە بولىدۇ، ئۇنىڭغا قېتىلغان ھارام پايدىغا كەلمەيدۇ، ھارام پايدىدىن تېزدىن قۇتۇلۇپ كېتىش كېرەك، ئەمما ئىنسان بۇنىڭ ھاراملىقىنى بىلمەي ئىشلەتكەن بولسا بۇنىڭدا گۇناھ بولمايدۇ، بىلىپ تۇرۇپ ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.